# 85195 ـ چەكلەنگەن بىسىمدارچىلىق كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىدە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

بىسىمدارچىلىق يىمەكلىك ۋە ساقلىنىدىغان ئوزۇق-تۈلۈكتە بولامدۇ ياكى بازاردا سېتىلىدىغان ھەممە نەرسىدە بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىسىمدارچىلىق شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، بۇنداق قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا، ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق ھەدىس بايان قىلىدۇ: مەئمەر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىسىمدارچىلىق قىلغان ئادەم خاتا ئىش قىلغان بولىدى.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " لۇغەت ئالىملىرى "خاتا ئىش قىلغان ئادەم دېگەن: ئاسىي-گۇناھكار دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ ھەدىس بىسىمدارچىلىق قىلىشنىڭ  چەكلەنگەن- ئىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ" دەيدۇ.

ئىسلام شەرئىتى بىسىمدارچىلىق قىلمىشىدا كىشىلەرگە زىيان يېتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چەكلىدى-ھارام قىلدى.

ئۆلىمالار بىسىمدارچىلىق بولىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى، بەزى ئۆلىمالار: بۇ كىشىلەرنىڭ يىمەكلىك قىلىدىغان ئوزۇقلۇقلىرىغا خاس بولىدۇ دەيدۇ، بەزى ئۆلىمالار: كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان، ئۇنى بېسىپ قويۇش بىلەن كىشىلەرگە زىيان يېتىدىغان ھەر قانداق نەرسىدە بولىدۇ، دەيدۇ. مانا بۇ ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشىگە مۇۋاپىق بولغان توغرا سۆزدۇر.

ئىمام شەۋكانىي رەھىمەھۇللاھ: "نەيلىل ئەۋتار"5-توم 262-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشى، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئوزۇقلۇقى بىلەن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ئايرىماستىن بىسىمدارچىلىق قىلىشنىڭ چەكلەنگەن-

ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، بەزى رىۋايەتلەردە: يېمەكلىك دەپ ئوچۇق بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقا مۇتلەق بايان قىلغان ھەدىسلەرنى چەكلەشكە يارىمايدۇ. بەلكى بۇمۇ مۇتلەق بايان قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنىڭ بىرىنى ئوچۇق بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر".

شاپىئىي مەزھىبىدىكى رەملىي دېگەن ئالىم، ئۆزىنىڭ "ئەسنا مەتالىپ" ناملىق ئەسەرگە يازغان ھاشىيەسىنىڭ 2-توم 39-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "بېسىمدارچىلىقنى كىشىلەر كۆپ ۋاقىتتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرگە قارىتىش لايىق بولىدۇ".

مانا بۇ بېسىمدارچىلىقنى چەكلەشتىن ئىبارەت بولغان ھېكمەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن چەكلەشتىن ئىبارەتتۇر، دائىمى كومىتېتى پەتۋا ئەزالىرىمۇ مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ 6374-نومۇرلۇق پەتۋاسىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: "كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان نەرسىلەرنى ئامباردا ساقلىۋېلىش توغرا بولمايدۇ، بۇ بېسىمدارچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پەقەت خاتا ئىش قىلغان ئادەم بېسىمدارچىلىق قىلىدۇ. [ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نىسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىق ئالىملار رىۋايەت قىلغان].

بۇ نەرسىلەرنى بېسىۋېلىشتا كىشىلەرگە زىيان يېتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن، ئەمما كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەر بولسا ئۇنى ساقلاپ قويۇپ، كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغاندا، زىيادىن ساقلىنىپ، قىيىنچىلىقنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئامباردىن ئېلىپ چىقىپ ساتسا توغرا بولىدۇ". دائىمى كومىتېتى پەتىۋاسى 13-توم 184-بەت.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.